# بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تىرناقچىلىك ئورۇننى چالا قويدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشىگە:« قايتىپ تاھارەتنى چىرايلىق، تولۇق ئالغىن»دېدى، ئۇ كىشى قايتا تاھارەت ئېلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلدى

جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئۆمەر بىن خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلدى: بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تىرناقچىلىك ئورۇننى چالا قويدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشىگە:« قايتىپ تاھارەتنى چىرايلىق، تولۇق ئالغىن»دېدى، ئۇ كىشى قايتا تاھارەت ئېلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلدى.

[باشقا ھەدىسلەر بىلەن سەھىھ] [مۇسلىم رىۋايىتى]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ : بىر كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىپ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن تىرناقچىلىك ئورۇنغا سۇ تەگمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە پۇتىنىڭ سۇ تەگمىگەن ئورۇننى ئىشارەت قىلىپ: قايتىپ تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ، ھەممە ئەزاغا سۇدىن ھەققىنى بەرگىن دەيدۇ. ئۇ كىشى قايتىپ تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ئاندىن نامازنى ئادا قىلىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/8386

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee